شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 10 - ئاي
7
چارشەنبە
维吾尔文 10 月7日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25207 - سان بۈگۈن 2 بەت

ئاپتونوم رايونىمىز پاختا، سۈتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم، زور پەن-تېخنىكا مەخسۇس تۈرىنى قوزغاتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شىي خۇيبيەن خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى «پاختىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن توپلاشتۇرۇپ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى» ۋە «شىنجاڭنىڭ سۈتچىلىكتە يېڭىلىق يارىتىش تۈرى»دىن ئىبارەت 2020 - يىللىق ئىككى مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا مەخسۇس تۈرىنى ئارقا-ئارقىدىن قوزغىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا كۈچ قوشتى.

«پاختىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن توپلاشتۇرۇپ ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى»دە شىنجاڭ پاختىسىنى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېزا ئىگىلىك سۇ بايلىقى بىلەن بىخەتەر تەمىنلەشنىڭ پەن - تېخنىكا ئېھتىياجىغا قارىتا، شايار ناھىيەسىدىكى 500 مىڭ مو يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەيدىغان كېۋەزلىك تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنىپ، «تەنەرخنى تۆۋەنلىتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش» نىشان قىلىنىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە توپلاشتۇرۇپ قوللىنىش قانات يايدۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئۆرنەك قىلغىلى، كېڭەيتكىلى بولىدىغان پاختىنى ئەلا سۈپەتلىك، (ئاخىرى 2-بەتتە)

3- قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

خۇشاللىققا تولغان دۆلەت بايرىمى — قەلبلەرنى ئىللىتقان جۇڭچيۇ

كەيپىيات كۆتۈرەڭگۈ بولدى ئىستېمال جانلاندى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خېي خۇڭۋېي**

دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇدىن ئىبارەت قوش بايرامنى بىرلىكتە تەبرىكلەش دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى بازارنى جانلاندۇردى. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتتە، ئاپتونوم رايونىمىز «100 كۈندە 1000 كارخانا شىنجاڭغا مەركەزلىك مەنپەئەت يەتكۈزۈش» ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش پەسلى پائالىيىتىنى يولغا قويدى، ھەرقايسى چوڭ سودا ساراي، تاللا بازىرى، ئاشخانا قاتارلىق ئەمەلىي دۇكانلار بەس - بەستە خېرىدار جەلپ قىلىشقا كۈچەپ، ئىچكى ئېھتىياجغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى، كۆپ خىل كۆرسەتكۈچ بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ياخشى بولدى.

سودا ساراي، تاللا بازارلىرىنىڭ تىجارەت سوممىسى ئاشتى

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق بەيشىڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى) ۋەندا مەيدانى قاتارلىق نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى سودا ساراي، تاللا بازارلىرىدا «200 يۈەنگە توشسا 50 يۈەن قايتۇرۇش، 300 يۈەنگە توشسا 200 يۈەن سوۋغا قىلىش» «باھانى 90% - 50% تۆۋەنلىتىش» «پەۋقۇلئاددە قىممەتتە ئالماشتۇرۇپ سېتىۋېلىش» قاتارلىق باھا چۈشۈرۈش ئېلانلىرىنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى، پۇل ئېلىش ئورنى ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ يولى خۇيجيا دەۋر مال سېتىۋېلىش مەركىزىدىكى بىر سۈپەتلىك ماركا كىيىم - كېچەك دۇكىنىدا كىيىم سىناۋاتقان ئىستېمالچى ۋاڭ شۈبىي مۇنداق دېدى: «ئەمەلىي كىيىم - كېچەك دۇكىنىدا زور دەرىجىدە ئېتىبار بېرىش پائالىيەتلىرى بولۇپلا قالماي، يەنە سىناپ كىيىپ باققىلى بولىدۇ، بۇ، توردىن مال سېتىۋالغاندىكى تۇيغۇدىن ياخشى».

خېرىدارلارنىڭ ئىستېمال تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى چوڭ سودا سارايلار بەس - بەستە مۇزدىكا ئورۇنلاش، سەييارە سەنئەت ئويۇنى قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى يولغا قويدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى CCMALL دەۋر مەيدانى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ۋاڭ يەنلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئېتىبار بېرىش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويغاندىن باشقا، يەنە ئالاھىدە ئىقتىدار بىلەن ئاجايىپ ئويۇنلارنى ئورۇنلاش، ئەرمەك ھايۋانلارنى سەييارە كۆرستىش قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، كەيپىياتنى كۆتۈرۈپ، ئىستېمالغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدۇق».

مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، قوش بايراملىق دەم ئېلىشنىڭ ئالدىنقى تۆت كۈنىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچىگەن 152 چوڭ تىپتىكى سودا ساراي، تاللا بازىرىنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 380 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.57% ئاشقان.

مەدەنىي غىزالىنىش يېڭى كەيپىياتقا ئايلاندى

دەم ئېلىش مەزگىلىدە، بىر ئائىلە كىشىلىرى ياكى بىر قانچە دوستىنىڭ سىرتقا چىقىپ بىللە غىزالىنىشى دائىملىق ئىش.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دوستلۇق شىمالىي يولىغا جايلاشقان مېيمېي دوستلۇق مال سېتىۋېلىش مەركىزىنىڭ 5 - قەۋەتتىدىكى يېمەك - ئىچمەك مەيدانى خېرىدارلار بىلەن لىق تولدى، ھەرقايسى ئاشخانىلار بەس - بەستە ئېتىبار بېرىش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ خېرىدارلارنى جەلپ قىلدى.

مۇخبىر ھەربىر ئۈستەلدە ئاممىۋى قوشۇق ۋە ئاممىۋى چوكىنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلدى، ئىستېمالچى يۈەن ياجۈن مۇنداق دېدى: «ھازىر ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يېگەندە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئاممىۋى قوشۇق ۋە ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىشكە ئادەتلەندى، بۇ، غىزالىنىشتىكى يېڭى كەيپىياتقا ئايلاندى».

بۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن يېمەك - ئىچمەك سورۇنلىرى تېجەشلىك بولۇش جەھەتتە ئەپچىل چارىلەرنى قوللاندى، ياكى ئېلىپ كېتىدىغان تاماق قاچىسى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ، ياكى ئىستېمالچىلارنى تېخىمۇ مۇۋاپىق تاماق بۇيرۇتۇش تەكلىپى بىلەن تەمىنلەپ، ياكى كىچىك تەخسىلىك (ئاخىرى 2-بەتتە)

شيەنلەي بازىرى مېھمان كۈتۈۋېلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ساياھەتچىلەر ئۈرۈمچى ناھىيەسى شيەنلەي بازىرىنىڭ كۇەنجەي كوچىسى مەززىلىك تائاملار رايونىدا سەيلە قىلماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز تاڭ يۈك فوتوسى

سۆز ھەممىگە

قۇدرەتلىك ۋەتەن شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم ئىشەنچ

□ **شۆ ۋېيچىڭ**

مەملىكەت بويىچە شاد - خۇراملىققا چۆمگەن بايرام بولغان «1 - ئۆكتەبىر» مۇقەررەر جۇمھۇرىيەتنىڭ تومۇر سوقۇشنى ھېس قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاقىت تۈگۈنى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ يىلقى دۆلەت بايرىمىدا يەنە ئۆزگىچە خۇشاللىق ۋە ئىلھام بار:

خۇشاللىق شۇكى، باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.» بۇ سۆز، 25 مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرىنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇردى، تەنتەنىگە چۆمدۈردى.

ئىلھام شۇكى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى شەرھلەپ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان - ۋەزىپىلىرى، فاڭجېن - سىياسەتلىرى، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. بۇ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشقا، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەشنى قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورالغا ئىگە قىلدى.

خۇشاللىق ۋە ئىلھامدىن سىرت، بىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭ خىزمىتىگە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قارىشى ۋە ئۇنى پىلانلىشىنىڭ شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۈپ ئالدىنقى شەرت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى سىجىل كېڭەيمەكتە، قىياپىتى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرمەكتە

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ خەۋەر قىلىدۇ: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر - بازارلاشتۇرۇش بوشلۇقى ئەندىزىسىنى كۈچەپ ئەلالاشتۇرۇپ، شەھەر ئۇل ئەسلىھە جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، شەھەرلەرنىڭ دائىرىسىنى تېز كېڭەيتتى. سانلىق مەلۇماتتا كۆرستىلىشىچە، 2015 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەر(ناھىيە بازىرى)لەرنىڭ قۇرۇپ چىقىلغان رايون كۆلىمى 1683.49 كۋادرات كىلومېتىردىن كېڭىيىپ 1898.07 كۋادرات كىلومېتىر(بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)غا يەتكەن.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ناھىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىش، ۋىلايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىش، يېڭىدىن شەھەر قۇرۇش (تەسىس قىلىش) قاتارلىق مەمۇرىي رايونغا ئايرىپ تەڭشەشنى تېزلىتىپ، ناھىيەنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىش بويىچە، كۇچا شەھىرىنى تەسىس قىلدى، ۋىلايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەھەر تەسىس قىلىش بويىچە، تۇرپان شەھىرى، قومۇل شەھىرىنى تەسىس قىلدى، بىڭتۈەننىڭ مەركەزلىك تۇتاش بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش (ئاخىرى 2-بەتتە)



□制图/新疆日报视觉中心　陈 潇

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

گۇما ناھىيەسىنىڭ چودا يېزىسى لەڭگەر كەنتىدە:

يۇرت - ماكان ئۈلتۈراقلىشىشقا تېخىمۇ باب كەلدى تۇرمۇش تېخىمۇ گۈزەللەشتى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياڭ شۈخەن**

«يىغىپ ئېيتقاندا، بۇنداق باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشىمىز پۈتۈنلەي پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن بولدى!» ھەر كۈنى سەھەردە گۇما ناھىيەسى چودا يېزىسى لەڭگەر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابلىز ئابدۇقادىر كەنتنى ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايادكى «قۇم - بورانلىق كۈنلەردە سىرتقا چىقسا، ئېغىز - بۇرۇنغا قۇم توشۇپ قايتىپ كېلىدىغان» ئاشۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لەڭگەر كەنتى يېزا ئۈلتۈراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، گۈزەل يېزا - كەنت ۋە گۈزەل ھويلا - ئاران قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، لەڭگەر كەنتىنىڭ مۇھاپىزەت چەمبىرىكى، تۇرمۇش چەمبىرىكى، يورۇتۇش چەمبىرىكىنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقتى، ئىلگىرىكى ھەممە يەرنى قۇم قاپلىغان كەنت ئېكولوگىيەسى ئۈلتۈراقلىشىشقا باب كېلىدىغان يېشىل يۇرت - ماكانغا ئايلاندى.

« پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار» بولۇشتىن «پاكىز، ساپ، گۈزەل» بولۇشقىچە

لەڭگەر كەنتىگە بارسىڭىز، كۆز ئالدىڭىزدا گۈزەل يېڭى يېزىنىڭ يۈگمە رەسىمى نامايان بولىدۇ: يېزا يوللىرى تۈز، پاكىز، قاتار كەتكەن ئۆيلەر رەتلىك، مەدەنىيەت مەيدانى، مەدەنىيەت چوڭ زالى، دېھقانلار كىتاب ئوقۇش ئۆيى، ۋاسكېتبول مەيدانى، تۈرلۈك چېنىقىش سايمانلىرى تولۇق. ئىلگىرىكى «پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار» قۇملۇقتىكى كىچىك كەنت پۈتۈنلەي ئۆزگەردى.

53 ياشقا كىرگەن ئابلىز لەڭگەر كەنتى مېيداۋ بېتون تاختا زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى بولۇپ، كەپشەرلەش، ياغاچچىلىق، ناۋايلىق قاتارلىق تۈرلۈك تېخنىكىلارغا پىششىق ئىدى. ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: 2017 - يىلىدىن باشلاپ ئىلگىرى كەچتە قاپقاراڭغۇ بولۇپ كېتىدىغان كەنتتە يول چىرىغى بار بولدى، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، سۇغىرىش ئۆستەڭگى ياسالدى، قەلبداشلار قۇدۇقمۇ قېزىلدى، «بۈگۈنكى كۈندە كەنتتە كەنت قۇرغان بىرنەچچە زاۋۇت بار، كەچتە كەنت مەيدانى بەك قىزىپ كېتىدۇ...» كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولغان، يەنە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايىنىپ بېيىش باشلامچىسى بولغان ئابلىزنىڭ قەلبى مىننەتدارلىققا تولغان بولۇپ، يۈزبەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ كەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، لەڭگەر كەنتى نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش داۋامىدا كەنتنىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، كەنت قىياپىتىنى ياخشىلاپ، تۇرمۇش ئەخلەتلىرى ۋە پاسكىنا سۇنى تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، باشقۇرۇش - قوغداش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىدە زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈردى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

«يېشىل يېزا ئىگىلىك كىرىمنى جىلغىسى» بارلىققا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا

—— سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى باغچە رايونىغا زىيارەت

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ⑲

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ يۈڭپى، ليۇ شياڭ**

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە باغچىسىدىكى بىر ئەينەك پارنىك ئىچىدە ئىستانوكلاردا ياپيېشىل كۆچەتلەر رەت - رەت ئۆسكەن بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بۇ، شىنجاڭ كېچۇاڭ تيەندا يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتى كۆرگەزمە قىلغان ئەڭ يېڭى بىر ئەۋلاد تولۇق ئاپتوماتىك زاۋۇتلاشقان يۇمران كۆكتات ئۆستۈرۈش سىستېمىسى ئىدى.

«بۇ تېخنىكىغا ئاپتوماتلاشتۇرۇش، سۇ - ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلار توپلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىلىكىگە ئاساسەن ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشنى ئاپتوماتىك تەڭشەپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىلىكىنى ئۈنۈملۈك قىسقارتقىلى بولىدۇ. ئىلگىرىكى تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىغا سېلىشتۇرغاندا، ئادەم كۈچىنىڭ يېرىمىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ» دېدى شىركەت ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى مۇ شياۋيۈن مۇخبىرلارغا.

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە باغچىسى سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا باغچە رايونىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك يېڭى تېخنىكىسى، يېڭى نەتىجىلىرىنى كۆرگەزمە قىلىدىغان ئۈلگە كۆرستىش كۆزنىكى. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونىدىكى ئالدىن قۇرۇلغان نۇقتىلىق باغچە رايونى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى باغچە رايونى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن دۆلەت يېزا ئىگىلىك يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەرنى بەرپا قىلىش بويىچە ئۈلگە كۆرستىش رايونى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ «يېشىل يېزا ئىگىلىك كىرىمنى جىلغىسى» بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

«بىز 14 خىل قوغۇن - تاۋۇز يېڭى سورتىنى دۆلەتنىڭ ئاساسلىق بولمىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى سورتى قىلىپ تىزىملىتىشقا ئىلتىماس قىلىۋاتىمىز، ئىلگىرى تىزىمغا ئالدۇرغان 27 سورتنى قوشقاندا، قوغۇن - تاۋۇزنىڭ يېڭى سورتى 41گە يېتىدۇ» دېدى شىنجاڭ نۇگرېن ئۇرۇقچىلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ليۇ خۇڭ.

سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى باغچە رايونىدا، نۇگرېن ئۇرۇقچىلىق پەن - تېخنىكا شىركىتى ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش كارخانىلىرى قوغۇن - تاۋۇز يېڭى سورتىنى ئېچىشقا كۈچ چىقىرىپ، قوغۇن - تاۋۇز ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرستىش، كېڭەيتىش، قاپلاش دائىرىسىنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 80 نەچچە ناھىيە، شەھەر، (ئاخىرى 2-بەتتە)

新疆日报 | 石榴云 | 天山网 www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团